ئاندېرسېن چۆچەكلىرى



# سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاق

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

3

# ئاندېرسېن چۆچەكلىرى

# سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاق

تەرجىمە قىلغۇچى : پاتىگۈل مىجىت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

2008 - يىل ئۈرۈمچى

**图书在版编目(CIP)数据**

安徒生童话选. 3：维吾尔文/（丹）安徒生（Andersen，H. C.）著；帕提古丽·米吉提译. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008. 2

ISBN 978—7—228—10286—0

Ⅰ. 安… Ⅱ. ①安… ②帕… Ⅲ. 童话—作品集—丹麦—近代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. I534.88

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 017258 号

| | |
|---|---|
| 作　　者 | (丹)安徒生 |
| 译　　者 | 帕提古丽·米吉提 |
| 责任编辑 | 艾合买提·伊明 |
| 责任校对 | 阿达来提·买合苏提，阿孜古丽·克力木 |
| 封面设计 | 买买提·诺比提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆新华印刷二厂 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 5.375 |
| 版　　次 | 2008 年 2 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2008 年 2 月第 1 次印刷 |
| 印　　数 | 1—5000 |
| 定　　价 | 13.00 元 |

بۇ كىتاب جۇڭگو ئۆسمۈرلەر ـ بالىلار نەشرىياتىنىڭ 2005 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى ، 2005 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تاللاپ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى .

本书根据中国少年儿童出版社 2005 年 10 月第 1 版，2005 年 10 月第 1 次印刷本选译出版。

# سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاق

## (ئاندېرسېن چۆچەكلىرى — 3 )

---

**ئاپتورى :** ئاندېرسېن (دانىيە )
**تەرجىمە قىلغۇچى :** پاتىگۇل مىجىت
**مەسئۇل مۇھەررىرى :** ئەخمەت ئىمىن
**مەسئۇل كوررېكتورى :** ئادالەت مەخسۇت ، ئارزۇگۇل كېرەم
**مۇقاۋا لايىھىلىگۇچى :** مەمەت نەۋبەت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى :** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون :** 0991—2827472
**ئادرېسى :** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى :** 830001
**باسقۇچى :** شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتى
**ساتقۇچى :** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى :** 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى :** 5.375
**نەشرى :** 2008 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى :** 2008 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**تىراژى :** 1—5000
**كىتاب نومۇرى :** ISBN 978—7—228—10286—0
**باھاسى :** 13.00 يۈەن

---




بۇ كىشى خانس خرىستىئان ئاندېرسېن.

ئۇ دانىيىدە تۇغۇلغان.

لېكىن، ئۇ ئىجاد قىلغان چۆچەكلەر دانىيىدىن

جىق - جىق ھالقىغان.

پۈتۈن دۇنيا ئۇنىڭ چۆچەكلىرىنى ھازىرغىچە

ئاڭلاپ كەلمەكتە.

此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

# مۇھەررىردىن

*

خانس خىرىستىئان ئاندېرسېن (1805 — 1875)، دانىيىنىڭ 19 - ئەسىردىكى ئاتاقلىق باللار چۆچەكچى يازغۇچىسى. ئۇ دانىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئودىنسەي دېگەن كىچىك بىر شەھەردە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى موزدۇز بولۇپ، ئەنگلىيە - فرانسىيە ئۇرۇشى مەزگىلىدە ناپولېئونغا يالالنما ئەسكەر بولغان، كېيىن كېسەل سەۋەبى بىلەن ھەربىي سەپتىن چېكىنىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلۈپ كەتكەن. ئاندېرسېن بۇ چاغدا ئاران 11 ياشتا بولۇپ، ئانىسىنىڭ ئائىلە خىزمىتىدىن تاپقان كىرىمى بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەن. ئاندېرسېن ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ قىيىنلىقىدىن مەكتەپتە ئوقۇشقا ئامالسىز

قىلىپ، يۇڭ توقۇلما ماللار دۇكىنىدا مال ساتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1819 - يىلىغا كەلگەندە ئاندېرسېن ئارتىس بولۇش ئويى بىلەن كوپېنھاگېنغا كېلىپ، پادىشاھلىق تىياتىرىغا قارا خىزمەتچى بولۇپ ئورۇنلاشقان، كېيىن بىر قىسىم ئاق كۆڭۈل سەنئەتكارلارنىڭ ياردىمى بىلەن بىر كىشىلىك ئوقۇتۇش ياردەم پۇلىغا ئېرىشىپ، مۇنتىزىم مەكتەپكە كىرگەن.

ئاندېرسېن ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان. ئۇ شېئىر، دراما، ھېكايە، ساياھەت خاتىرىسى قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ كۆرگەن. ئەمما، ئۇنىڭ ھەقىقىي قابىلىيىتى چۆچەك ئىجادىيىتىدە ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئېسىل ئەدەبىي مىراسلىرى ئاساسەن بالىلار چۆچىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاندېرسېن ئۆمرىدە 160 پارچىدىن ئارتۇق چۆچەك يازغان. ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ مەشھۇر بالىلار چۆچىكى يازىدىغان يازغۇچىلارنىڭ بىرى.

19 - ئەسىرنىڭ 30 -، 40 - يىللىرى ئاندېرسېننىڭ چۆچەك ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى ھېسابلىنىدۇ.

ئاندېرسېننىڭ چۆچەكلىرى تەسەۋۋۇرغا باي، ئىدىيىۋىلىكى چوڭقۇر، شېئىرىي تۇيغۇ بىلەن فانتازىيىگە تويۇنغان. ئۇ تەسۋىرلىگەن ئۇچار قۇش، ھايۋانات، قۇرت - قوڭغۇزلار، بىلىقلار، گۈللەر، ئوت -

گىياھلار، پۈتكۈل تەبىئەت، ھەتتا ئائىلە سايمان ـ جابدۇقلىرى، ئويۇنچۇقلاردا ھېسسىيات پەيدا بولۇپ، ئۇلارغا كىشىنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك ھالدا قايتىدىن جان كىرىدۇ؛ دادىللىق بىلەن قىلىنغان تەسەۋۋۇر زامان، ماكانىنىڭ چېگراسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ؛ ئۇنىڭ ئاجايىپ قىزغىنلىق بىلەن بىلىمگە ئىنتىلىش ئارزۇسى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ سىرىنى ئېچىپ تاشلايدۇ؛ ئاجايىپ ـ غارايىپ چاقماقنىڭ ياردىمى بىلەن شاكىچەك ئەسكەر پادىشاھ بولىدۇ؛ سەت ئۆردەك چىرايلىق ئاق قۇغا ئايلىنىدۇ؛ شىددەتلىك شەرق شامىلى باتۇرلارنى ئەقىل ـ پاراسەت ماكانى ۋە بەختلىك ئارال دۆلىتىگە باشلاپ كېلىدۇ؛ بۇلبۇلنىڭ تۆككەن مۇڭلىرى تىمتاسلىقنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۇنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدۇ؛ ئەمەلگە ئېشىشقا مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىشغا مۇمكىنچىلىك تۇغۇلىدۇ. ئومۇمەن، ئاندېرسېننىڭ چۆچەك دۇنياسىدا تەبىئەتتىكى مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەر بىلەن بىللە ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا كىرىپ كېلىدۇ. مەيلى ئەپسانىدىكى دۇنيا بولسۇن ياكى رېئال تۇرمۇش بولسۇن بىر ـ بىرى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كېتىدۇ.

ئاندېرسېن ئۇسلۇب جەھەتتە ئىخچام، روشەن بولۇشقا ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىغا نۇقسان يەتكۈزىدىغان يۈزەكى ھەشەمەتلەرگە بېرىلمەيتتى. تىلىنىڭ جانلىق

بولۇشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، تىلىدا ساپ، جانلىق خەلق تىلىنىڭ سەھراچە پۇراقلىرىمۇ بار ئىدى.

ئاندېرسېن ئۆمۈر بويى ئۆيلەنمىگەن. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى چۆچەك ئىجادىيىتىگە بېغىشلاپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت ئىشلىرىغا تەقدىم قىلغان. ئاندېرسېن 1875 ـ يىلى كوپېنھاگېندىكى بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىدە كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان.



# مۇندەرىجە


بۇلبۇل ........................ 1

چۈش مۇئەككىلى ........................ 21

«بوۋىيىمنىڭ قىلغىنى ھامان توغرا» ................ 44

سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاق ..................... 56

چوپان قىز بىلەن تۇرخۇن تازىلايدىغان يىگىت ........ 63

قىزىل كەش ........................ 75

ئانا ھەققىدە ھېكايە ..................... 89

زىغىر ........................ 101

پەرقى بار ........................ 111

دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل ئەتىرگۈل ................ 120

دەرھەقىقەت ........................ 126

ھانس كالۋا ........................ 132

قارا بۇغداي ........................ 143

ئانتىنىس ........................ 148

ئاشىق - مەشۇق ........................ 156

# بۇلبۇل

جۇڭگودا پادىشاھمۇ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرمۇ جۇڭگولۇق ئىكەنلىكىنى بىلىسىلەر ھەرقاچان. بۇ نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى بولغان ئىش ئىكەن، شۇ سەۋەبتىن بولسىمۇ بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ قويۇشقا، كىشىلەرنىڭ بۇ ۋەتەننى ئۇنتۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بولسىمۇ يەنە بىر قېتىم ئەسلىتىپ قويۇشقا ئەرزىيدىكەن.

پادىشاھنىڭ ئوردىسى بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ھەشەمەتلىك ئوردا ئىكەن. ئۇ قىممەت باھالىق نەپىس كاھىشلاردىن ياسالغان بولغاچقا، بەكمۇ چىرايلىق ئىكەن. لېكىن، ئۇ كاھىشلار بەكلا نېپىز ھەم چۈرۈك بولغاچقا، ئۇنى تۇتقاندا بەكمۇ ئاۋايلاشقا توغرا كېلىدىكەن.

ئوردا بېغىدا دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل گۈللەر ئېچىلغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ زوقىنى قوزغاش

ئۇچۇن ئۇ گۈللەرگە جىرىڭلاپ تۇرىدىغان كۈمۈش قوڭغۇراق ئېسىلغانىكەن. قىسقىسى، بۇ چارباغدا ھەممە نەرسە ناھايىتى تۈجۈپىلەپ ئورۇنلاشتۇرۇلغانىكەن. بۇ باغ شۇنچىلىك چوڭ ئىكەنكى، ئۇنىڭ يەنە بىر چېتىنى ھەتتا باغۋەنمۇ بىلمەيدىكەن. باغنىڭ ئىچىدە توختىماي مېڭىۋەرگەن ئادەم ئەڭ ئاخىرىدا ئاجايىپ بىر ئورمانلىققا كىرىپ قالىدىكەن. بۇ ئورمانلىقتا ئېگىز ئۆسكەن دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدا چوڭقۇر بىر كۆل بار ئىكەن. ئورمانلىق زۇمرەت رەڭلىك چوڭقۇر دېڭىزغا تۇتىشىدىكەن.

ئورمانلىقتا بەكمۇ مۇڭلۇق، بەكمۇ چىرايلىق سايرايدىغان بىر بۇلبۇل بار ئىكەن. بۇ بۇلبۇل سايرىسا، ئىشى چېچىدىنمۇ كۆپ بېلىقچى جىنىدا قىلىۋاتقان ئىشىنى قويۇپ، ئۆزىنى ساھىلغا ئوڭدىسىغا تاشلاپ: «ئاھ تەڭرىم، نېمىدېگەن يېقىملىق سايراش بۇ!» دەپ كېتىدىكەن.

نۇرغۇن ساياھەتچى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كېلىپ بۇ پايتەختنى، چارباغنى، ئوردىنى ساياھەت قىلغاندىن كېيىن ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي: «پاھ، نېمىدېگەن گۈزەل شەھەر بۇ، ئوردا بىلەن چارباغ نېمىدېگەن كارامەت» دېيىشىدىكەن، ئەمما بۇلبۇلنىڭ سايرىشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «يەنىلا ھېچنېمە بۇلبۇلنىڭ سايرىشىغا يەتمەيدىكەن» دېگەن خۇلاسىگە كېلىدىكەن.

ساياھەتچىلەر دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى ۋەتەنداشلىرىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئالىملار

خانلىق شەھەر، ئوردا، چارباغ ھەققىدە كىتاب يېزىپتۇ، ھېلىقى بۇلبۇلنى تەرىپلەشنىمۇ ئېسىدىن چىقارماپتۇ، تەرىپلىگەندىمۇ، ئۇنىڭغا ھەممىدىن يۇقىرى باھا بېرىپتۇ. شائىرلار نادىر شېئىرلارنى يېزىپ، ئۇ بۇلبۇلنى ئەڭ گۈزەل مىسرالار بىلەن مەدھىيىلەپتۇ. بۇ كىتابلار دۇنياغا تارقىلىپتۇ، بىرنەچچە پارچىسى پادىشاھنىڭ قولىغا تېگىپتۇ. پادىشاھ ئالتۇن كۇرسىدا ئولتۇرۇپ بۇ كىتابلارنى ئوقۇپتۇ، خانلىق شەھەر، شاھ ئوردىسى، چارباغ ئىنچىكە تەسۋىرلەنگەن يەرلەرنى ئوقۇغاندا ئىچ - ئىچىدىن شادلىنىپتۇ، ئەمما: «يەنىلا ھەممىدىن ئېسىلى بۇلبۇل ئىكەن» دېگەن جۈملىنى ئوقۇغاندا:

«نېمە؟ بۇلبۇل؟ مەن ئەجەب بۇنىڭدىن خەۋەرسىز قاپتىمەنغۇ؟ ! ئۇ مېنىڭ ئېلىمدە، مېنىڭ ئورمانلىقىمدا ياشىسۇنۇ، مەن بىلمەي يۈرەي ! بۇ زادى قانداق گەپ؟ مەن ئۇنى كىتابتىن بىلمىسەم بىلمەسكەنمەن !» دەپ سەكرەپ كېتىپتۇ.

پادىشاھ ئەڭ يېقىن ۋەزىرىنى چاقىرتىپتۇ. بۇ تولىمۇ ھاكاۋۇر ۋەزىر ئىكەن، ئەملى ئۆزىدىن تۆۋەن ئادەملەر ئۇنىڭغا گەپ قىلسا، ئۇ پەقەت: «تۇفى !» دىن باشقا گەپ قىلمايدىكەن. لېكىن، بۇ «تۇفى» نىڭ مەنىسىنى ھېچكىم چۈشەنمەيدىكەن. پادىشاھ ئۇنىڭدىن:

— ئاڭلىسام دۆلىتىمدە بۇلبۇل دەپ ئاتىلىدىغان بىر قۇش بارمىش، بۇ ئىشتىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟ ئېلىمىزدە ساياھەتتە بولۇپ كەتكەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئېلىمىزدىكى ئەڭ ئېسىل نەرسە، ئۇنىڭ ئالدىغا

ئۆتىدىغان نەرسە يوق دەپ تەرىپلىشىدىكەن. نېمىشقا مەن شۇ چاغقىچە بۇنىڭدىن خەۋەرسىز يۈرىمەن؟ — دەپتۇ.

— بۇلبۇل دېگەن ئىسىمنى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن، — دەپتۇ ۋەزىر، — ھېچكىممۇ ئۇنداق بىر قۇشنى ئوردىغا تارتۇق قىلىپ باقمىغان.

— پەرمانىم شۇكى، ئۇ قۇشنى بۈگۈن كەچتىلا ھۇزۇرۇمغا كەلتۈرۈڭلار، دۆلىتىمدە بار نەرسىنى پۈتۈن دۇنيا بىلسۇنىيۇ، مەن بىلمەي يۈرەي!

— ئېلىمىزدە بۇلبۇلنىڭ بارلىقىنى مەنمۇ ئاڭلىماپتىكەنمەن، مەن پەرمانلىرىنى دەرھال بەجا كەلتۈرىمەن! — دەپتۇ ۋەزىر.

لېكىن، ئۇ قۇشنى قەيەردىنمۇ تاپقۇلۇق؟ ۋەزىر ئوردىنىڭ ئىچىدە چېپىپ كېتىپتۇ. ئۇ بۇ پەلەمپەيدىن چۈشۈپ، ئۇ پەلەمپەيدىن چىقىپتۇ، ھېلى چوڭ زالغا يۈگۈرۈپ كىرسە، ھېلى كارىدورغا يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ، ئۇچرىغانلىكى ئادەمدىن: «بۇلبۇلنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سوراپتۇ، لېكىن بىلىدىغان بىرمۇ ئادەم چىقماپتۇ. ئاخىر ئۇ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ:

— ئالىيلىرى، ئۇ كىتابلاردىكى ئەپسانىلەرگە ھەرگىز ئىشەنمىسىلە، ئۇ يازغۇچىلار توقۇپ چىققان توقۇلما، ئۇ كىشىلەر ئاغزىغا كەلگەننى بىلجىرلاپتۇ! — دەپتۇ.

— يوق گەپ! مەن ئوقۇغان ئۇ كىتابنى ياپونىيە پادىشاھى سوۋغا قىلغان، شۇڭا ئۇنىڭ توقۇلما بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. مەن بۇلبۇلنىڭ ناۋاسىنى ئاڭلىشىم كېرەك، ئۇ قۇش بۈگۈن كەچتە چوقۇم ھۇزۇرۇمغا

كەلتۈرۈلسۈن. بۇ ئۇنىڭغا قىلىنغان ئەڭ چوڭ غەمخورلۇق. ئەگەر بۇگۈن كەچ ئۇ ھۇزۇرۇمغا كەلتۈرۈلمىسە، تاماقنى تويغۇچە بېرىپ، قورسىقىڭلاردا دۇمباق چالغۇزىمەن.

— قۇللۇق! — دەپتۇ ۋەزىر ۋە يەنە بۇ پەلەمپەيدىن چىقىپ، ئۇ پەلەمپەيدىن چۈشۈشكە، بۇ زالدىن چىقىپ، ئۇ كارىدوردا يۈگۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئوردىدىكى باشقا ئەمەلدارلارمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش ئۇياقتىن - بۇياققا، بۇياقتىن - ئۇياققا قالايمىقان يۈگۈرۈپ يۈرۈپتۇ. ھەممە ئادەم تويغۇچە تاماق يېگەندىن كېيىن قورسىقىغا دۇمبا يېيىشنى خالىمايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار جىمى ئالەم بىلىدىغان، پەقەت ئوردىدىكىلەرلا بىلمەيدىغان بۇلبۇلنى ئىزدەپ كېزىشىپتۇ.

ئۇلار ئۇنىڭ - بۇنىڭدىن سۈرۈشتە قىلىپ ھېچقانداق ئۇچۇرغا ئىگە بولالماپتۇ. ئەڭ ئاخىردا، ئاشخانىدا ئۇلارغا بىر نامرات قىز ئۇچراپتۇ. ئۇ قىزدىن سوراپتىكەن، قىز دەپتۇ:

— ۋاي خۇدايىمەي، ئىزدىگىنىڭلار بۇلبۇلمىدى؟ مەن بار يەرنى كۆزۈمنى يۇمۇپ تۇرۇپمۇ تاپالايمەن. مەن ھەر كۈنى ئاخشىمى ئۇستەلدىن ئاشقان - تاشقان تاماقلارنى يىغىشتۇرۇپ كېسەلچان ئانامغا ئالغاچ كېتىمەن. ئۇ دېڭىز ساھىلىدا تۇرىدۇ. مەن ئىشتىن ھېرىپ ماڭغاچقىمىكىن ئورمانلىقتا ئازراق ئارام ئېلىۋالاي دەپ ئولتۇرسام، بۇلبۇل خەندان ئۇرۇپ سايراپ كېتىدۇ. بۇلبۇلنىڭ يېقىملىق كۈيى ماڭا ئانامنىڭ سۆيۈپ پەپىلىشىدەك تۇيۇلۇپ يىغلاپ سالىمەن.

— قىزچاق! — دەپتۇ ۋەزىر، — ئەگەر سەن بىزنى بۇلبۇلنىڭ يېنىغا باشلاپ بارساڭ، ئاشخانىدىن ساڭا مۇقىم بىر مەنسەپ بېرىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھىمىزنىڭ ئاش - تامىقىغا سەن مەسئۇل بولىسەن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئورمانلىققا كىرىپتۇ، بۇ ئىشقا ئوردىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار بۇلبۇل بار جايغا كېتىۋاتسا، بىر ئىنەك مۆرەپ كېتىپتۇ.

— پاھ! — دەپتۇ بىر ياش ۋەزىر، — تاپتۇقمۇ نېمە؟ بۇ جانىۋار ئۆزى كىچىك بولغىنى بىلەن ئاۋازىنىڭ ئەجەب تورى بار ئىكەن. بۇ ئاۋازنى بۇرۇن ئاڭلىغاندەكلا قىلىمەنغۇ.

— بۇلبۇل سايرىمايۋاتىدۇ، كالا مۆرەۋاتىدۇ، — دەپتۇ قىزچاق، — بۇلبۇل بار جايغا تېخى خېلى بار.

بىر سازلىققا كەلگەندە پاقا كۇركىراپتۇ.

— نېمىدېگەن چىرايلىق ئاۋاز بۇ، — دەپتۇ ئوردىنىڭ كاھىنى، — بەئەينى ئىبادەتخانىنىڭ قوڭغۇرىقىدەك ئاڭلىنىدىكەن.

— خاتالاشتىڭىز، ئۇ پاقا، — دەپتۇ قىزچاق، — بىراق، بىز ھايالشىمايلا بۇلبۇلنىڭ سايرىشىنى ئاڭلايمىز.

ھايال ئۆتمەي بۇلبۇل سايراشقا باشلاپتۇ.

— مانا بۇ بۇلبۇلنىڭ ئاۋازى! گەپ قىلماي، جىم تۇرۇپ ئاڭلاڭلارچۇ، ئەنە ئۇ ئاۋۇ يەردە سايراۋاتىدۇ! — دەپتۇ قىزچاق دەرەخ شېخىدا سايراۋاتقان قۇشنى

كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

— توۋا قىلدىم، — دەپتۇ ۋەزىر، — مەن ئۇنى بۇنچىلىك ئادەتتىكى قۇش دەپ ئويلىماپتىكەنمەن. چوقۇم ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان ئېسىلزادىلەرنى كۆرۈپ ئۇنىڭ رەڭگى ئاشۇنداق ئۆچۈپ كەتكەن گەپ.

— بۇلبۇلجان! — دەپ توۋلاپتۇ قىزچاق، — شاپائەتلىك خاقانىمىزنىڭ ناخشىڭىزنى ئاڭلىغۇسى بەكلا بار ئىكەن.

— بەكلا خۇش بولدۇم، — دەپتۇ بۇلبۇل ۋە شادىيانە سايراپ كېتىپتۇ.

— ئۇنىڭ ئاۋازى ئەينەك سائەتنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدىكەن، — دەپتۇ ۋەزىر، — قاراڭلار، ئۇنىڭ ئاۋازى نېمىدېگەن ساز. ئۇنىڭ سايرىشىنى بۇرۇن ئاڭلىمىغانلىقىمدىن ھەيرانمەن. ئۇ ئوردىدا چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ.

— پادىشاھقا يەنە بىر ناخشا ئېيتىپ بەرسەم بولارمۇ؟ — دەپ ئىلتىجا قىپتۇ بۇلبۇل. ئۇ ئەسلىدە پادىشاھنى كەلگەنلەرنىڭ ئارىسىدا دەپ قاپتىكەن.

— ئەي، ئېسىلزادە قۇش! — دەپتۇ باش ۋەزىر، — مەن سىزنى ئوردىدىكى كېچىلىك بەزمىگە ئېھتىرام بىلەن تەكلىپ قىلىمەن. ئادەمنى مەھلىيا قىلىدىغان ئاۋازىڭىز بىلەن شاھىمىزنىڭ كۆڭلىنى بىر خۇش قىلىۋەتسىڭىز.

— يېشىل لىباسقا پۈركەنگەن تەبىئەتتە مەن كۈيۈمنى ئەۋجىگە كۆتۈرەلەيتتىم، ناخشامنى مۇشۇ يەردە ئاڭلىغان بولساڭلار بەك ياخشى بولاتتى، — دەپتۇ